# " سۇبھانەلمەلىكۇل قۇددۇس " دېگەن بۇ زىكىر تەراۋىھ نامىزى ئارىسىدا ئەمەس، بەلكى ۋىتىر نامىزىدىن كېيىن ئېيتىلىدۇ

## الذكر بـ سبحان الملك القدوس عقب الوتر وليس بين التراويح

< الأويغورية - ئۇيغۇرچە - uyghur >

ئىسلام سوئال جاۋاپ تورى ئىلمى خىزمەت گۇرۇپپىسى

القسم العلمي بموقع الإسلام سؤال وجواب

**تەرجىمە قىلغۇچى:** سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

**تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى:** نىزامىددىن تەمكىنى

**ترجمة:** سيف الدين أبو عبد العزيز

**مراجعة:** نظام الدين تمكيني

# " سۇبھانەلمەلىكۇل قۇددۇس " دېگەن بۇ زىكىر تەراۋىھ نامىزى ئارىسىدا ئەمەس، بەلكى ۋىتىر نامىزىدىن كېيىن ئېيتىلىدۇ

221433 - نومۇرلۇق سوئال

سوئال:

"سبحان الملك القدوس" دېگەن بۇ زىكىرنى تەراۋىھ نامىزىدىن تۆت رەكەت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئېيتىمىزمۇ ياكى سەككىز رەكەت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئېيتىمىزمۇ؟، بۇ سۆزنى ۋىتىر نامىزىدىن كېيىن دېيىش كېرەك ئەمەسمۇ؟ بىز ۋىتىر نامىزىنى كېچە نامىزىدىن كېيىن ئۆيدە ئوقۇماقچى بولساق، بۇ زىكىرنى مەسچىتتە ئېيتىۋەتسەك بولامدۇ؟، ھەر ئىككى رەكەت تەراۋىھ نامىزىدىن كېيىن ئىستىغپار ئېيتىش كېرەكمۇ؟، بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمىز.

جاۋاپ:

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت-سالاملىرى بولسۇن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بايان قىلىنغان سەھىھ ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋىتىر نامىزىدىن كېيىن «سبحان الملك القدوس» دەپ زىكىر ئېيتاتتى. ناماز ئوقۇغۇچىلار ۋىتىر نامىزىنى ئۆيدە ئوقۇسۇن ياكى مەسچىتتە ئوقۇسۇن، يالغۇز ئوقۇسۇن ياكى جامائەت بولۇپ ئوقۇسۇن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۈننىتىگە ئەگىشىشى كېرەك. بۇ زىكىرنى كېچىلىك ناماز ئارىسىدا ياكى تەراۋىھ نامىزىنىڭ رەكئەتلىرى ئارىسىدا دېيىش يولغا قويۇلمىغان، چۈنكى بۇ توغرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ياكى ساھابىلارنىڭ بىرىدىن تەراۋىھ نامىزى ئارىسىدا بۇ زىكىرنى دېگەنلىكى توغرىسىدا دەلىل بايان قىلىنمىغان، مۇسۇلمان كىشى بىر ئىشنى قىلىش ياكى قىلماسلىقتا سۈننەتكە ئەمەل قىلىشى زۆرۈر بولۇپ، ئارتۇق ياكى كەم قىلىپ قويۇشتىن ساقلىنىشى كېرەك.

ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەبزا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋىتىر نامىزىدا ﴿سَبِّحِ اسْمَ رَبِّكَ الْأَعْلَى﴾ ۋە ﴿قُلْ يَا أَيُّهَا الْكَافِرُونَ﴾ ۋە ﴿قُلْ هُوَ اللَّهُ أَحَدٌ﴾ سۈرىلىرىنى ئوقۇپ نامازدىن سالام بېرىپ: «سبحان الملك القدوس» دېگەن سۆزنى ئۈچ قېتىم ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ تەكرارلايتتى.» [ئەبۇ داۋۇد تەيالىسى "ئەلمۇسنەد" 1-توم 441-بەتتە كەلتۈرگەن، ئىبنى جەئد "ئەلمۇسنەد" 1-توم 86-بەتتە كەلتۈرگەن. ئىبنى ئەبي شەيبە "ئەلمۇسەننەپ" 2-توم 93-بەتتە كەلتۈرگەن. ئىمام ئەھمەد "ئەلمۇسنەد" 24-توم 72-بەتتە كەلتۈرگەن. بۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن ئالىملار كۆپ ئىسنادلار بىلەن كىتابلىرىدا كەلتۈرگەن. ئىبنى مۇلەققىن، ئەلبانى ۋە شەيخ مۇقبىل ئەلۋادىي قاتارلىق

ھەدىس تەتقىقاتچى ئۆلىمالار سەھىھ دەپ بايان قىلغان. مۇسنەد ئەھمەد ۋە باشقا كىتابلاردا نەشىر قىلىنغان.

ھەدىس تەتقىقاتچى ئالىملىرى ۋىتىر نامىزىدىن كېيىنلا مۇشۇ زىكىرنى ئېيتىشنىڭ مۇستەھەپ ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ كىتابلىرىدا ئايرىم باب كەلتۈردى. ئىبنى ئەبى شەيبە "ئىنسان ۋىتىر نامىزىنىڭ ئاخىرىدا نېمە دەيدۇ ۋە قايسى دۇئانى قىلىدۇ" دېگەن بابتا كەلتۈردى. ئەبۇ داۋۇد رەھىمەھۇللاھ "ۋىتىردىن كېيىنكى دۇئا" دەپ باب كەلتۈردى. ئىمام نەسائى رەھىمەھۇللاھ "ۋىتىرنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىنكى تەسبىھ" دەپ باب كەلتۈردى. ئىبنى ھىببان ئۆزىنىڭ سەھىھ كىتابى 6-توم 202-بەتتە "ئىنسان ۋىتىر نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئاللاھ تائالاغا تەسبىھ ئېيتىش مۇستەھەپ بولغان زىكىر" دەپ باب كەلتۈردى.

ئىمام نەۋەۋي رەھىمەھۇللاھ: "ۋىتىر نامىزىدىن كېيىن «سبحان الملك القدوس» دەپ ئۈچ قېتىم دېيىش مۇستەھەپ دەيدۇ". ["ئەلمەجمۇ شەرھىل مۇھەززەب" 4-توم 16-بەت، ۋە "تۆھپەتۇل مۇھتاج"2-توم 227-بەت].

ئىبنى قۇدامە رەھىمەھۇللاھ: "ۋىتىر نامىزىدىن كېيىن «سبحان الملك القدوس» نى ئۈچ قېتىم دېيىش ۋە ئۈچىنچى قېتىمدا ئاۋازنى سوزۇپ ئېيتىش مۇستەھەپ بولىدۇ، دەيدۇ." ["ئەل مۇغنىي" 2-توم 122-بەت].

بۇ سۆزنىڭ ئوخشىشى دائىمىي كومىتېت پەتىۋاسى ئىككىنچى قىسىم 6-توم 60-بەتتە مۇنداق بايان قىلىنغان: "ۋىتىر نامىزىدىن سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىن «سبحان الملك القدوس» نى ئۈچ قېتىم دەيدۇ".

شۇنىڭدەك باشقا ھېچقانداق ئۆلىمالارنىڭ بىرى «سبحان الملك القدوس» نى ۋىتىر نامىزىدىن باشقا نامازدا ئېيتىشنى مۇستەھەپ دەپ قارىمايدۇ.

بىز ئىلگىرى تور بەتتە بەزى مەسچىتلەردە كىشىلەرنىڭ تەراۋىھ نامىزى ئارىسىدا ئادەتلىنىپ قالغان ئىستىغپار ئېيتىش ياكى تەسبىھ ئېيتىش قاتارلىق جامائەت شەكلىدە زىكىر ئېيتىشنىڭ چەكلەنگەنلىكىنى بايان قىلغان ئىدۇق. دەلىل-پاكىتسىز جامائەت بولۇپ زىكىر ئېيتىش ئىنسانىنى بىدئەتكە يېقىنلاشتۇرىدۇ، سۈننەتتىن يىراقلاشتۇرىدۇ.

سۆزىمىزنىڭ خۇلاسىسى: ناماز ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەراۋىھ نامىزىنىڭ رەكئەتلىرى ئارىسىدا «سبحان الملك القدوس»نى جامائەت شەكلىدە ئېيتىش يولغا قويۇلمىغان بەلكى ۋىتىر نامىزىدىن كېيىن دېيىش يولغا قويۇلغان. شۇنىڭدەك تەراۋىھ نامىزى رەكئەتلىرى ئارىسىدا جامائەت شەكلىدە ئەمەس بەلكى يەككە ھالدا ئىستىغپار، تەسبىھ ئېيتىش دۇرۇس بولىدۇ.

بۇ ھەقتە تېخىمۇ كۆپ مەلۇمات ھاسىل قىلىش ئۈچۈن 37753-50718-10718-108506-121270-190881- نومۇرلۇق سوئاللارنىڭ جاۋابىغا قارالسۇن.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.

IslamHouse.com